سەبىيلەرگە سوۋغا

26

# باغۋەن بىلەن ئېيىق



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

باغۋەن بىلەن ئېيىق ........................................ 1
تەدبىر ........................................................... 8
ئىگىسىنى تاپقان ھەميان ........................................ 15

# باغۋەن بىلەن ئېيىق

بۇرۇن شەھەر چېتىدىكى بىر بوستانلىقتا بىر باغۋەن ئۆتكەنىكەن. ئايالى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپ پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەن باغۋەن بۇ كەڭرى زېمىندا ئۆزى يالغۇز تۇرىدىكەن.

بۇ بىچارە باغۋەننىڭ بىرەر قوشنىسى، ھەتتا يوقلاپ تۇرىدىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ يوق ئىكەن. ئۇ يەككە - يېگانە بولغاچقا، دائىم بىرەر يىرتقۇچ ھايۋان ياكى بىرەر يوچۇن ئوغرىنىڭ كېلىپ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ھاياتىنى ئەنسىزلىك ۋە غەم - قايغۇ ئىچىدە ئۆتكۈزىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ بېغىدا ئىشلەۋېتىپ، چوڭ بىر ئېيىقنىڭ بوستانلىقنىڭ تېمىنى بويلاپ ئوزۇق ئىزدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ھايۋانغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا ئوزۇق بېرىپتۇ. بۇ ياخشىلىقتىن تولىمۇ خۇشال بولغان ئېيىق باغۋەن بىلەن دوست بولۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، باغۋەن بىلەن ئېيىق ئوتتۇرىسىدا «دوستلۇق» مۇناسىۋىتى ھاسىل بوپتۇ.

ئېيىق باغۋەنگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىدىكەن. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇۋغا چىقىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن. بىكار ۋاقىتلىرىدا باغ ئەتراپىدا كۆزەتچىلىك قىلىدىكەن. نەتىجىدە، باغۋەنىنىڭ توخۇ - توشقانلىرىغا كۆزى چۈشكەن چىلبۆرىلەر ھەتتا باغقا ئوغرىلىققا كىرمەكچى بولغان يامان نىيەتلىك



كىشىلەرمۇ باغقا كىرىشكە پېتىنالمايدىغان بوپتۇ. بۇ «ئىككى دوست» بولسا بۇ يەردە خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ.

باغۋەن ھازىر بۇرۇنقىدەك تاغدىن ئوتۇن كېسىپ ئۇنى ئېشىكىگە ئارتىپ ياكى ئۆزى يۈدۈپ توشۇيدىغان جاپالاردىن خالاس بوپتۇ. چۈنكى، ئېيىق باغۋەننىڭ ئېغىر ـ



يېنىك ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىدىكەن ھەم قۇدۇقتىن سۇ تارتىش، يەر ئاغدۇرۇش، خامانغا باغ توشۇش... قاتارلىق ئىشلار بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېيىق ئۆزىنىڭ كۈلكىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن دوستىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىكەن. بۇ ئىشلار داۋامىدا دېھقاننىڭ ئىلگىرىكى ھالىتى تۈپتىن ئۆزگىرىپ شاد ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بوپتۇ.

بوستانلىقنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بىر مەھەللە بولۇپ، ئۇ مەھەللىنىڭ كىشىلىرى باغۋەننىڭ بۇ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاچقا ئېيىقنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇنىڭدىن گەپ سورىشىدىكەن.

كەنت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ ئېيىقتەك ئىگىسىگە پايدا ـ مەنپەئەت بېرىدىغان بىرەر ياۋايى ھايۋانغا ئىگە بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن ھەتتا بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر دېھقانغا ھەسەت قىلىپ، ئېيىقنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پىلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشماپتۇ.

دېھقان بىكار بولسىلا كەنتنى ئايلىنىپ كىشىلەرنى يىغىدىكەن ۋە بوستانلىقتا سورۇن ھازىرلاپ ئېيىقنىڭ ھەرخىل ھەرىكەتلىرى، قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىكەن. تاماشىبىنلار بۇ ئىش ئۈچۈن باغۋەنگە ھەق بېرىدىكەن.

بۇ ئىش يۇرت ئەھلىگە تارقىلىپ كەتكەچكە، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ۋە يولۇچىلار ئېيىقنىڭ ئويۇننى كۆرۈش ئۈچۈن بوستانلىققا بارىدىكەن. ئويۇن كۆرۈپ خۇش بولغان كىچىك باللار ئېيىققا تۇرلۇك يېمەكلىكلەرنى تەقدىم قىلىدىكەن.



ئىشلار ئەنە شۇ رەۋىشتە داۋاملىشىپتۇ. باغۋەنىنىڭ ھال - كۈنى كۈنسېرى ياخشىلىنىپ، مال - مۈلكىمۇ تېزلا كۆپىيىپتۇ، تۇرمۇشى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئۆزگىرىپتۇ، ھەتتا ئۇ باغنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا بىرقانچە كىشىنى ياللىۋاپتۇ.

ئەپسۇس، باغۋەن ئويلاپ باقمىغان بەختسىزلىك ئاخىر بىر كۈن يېتىپ كەپتۇ.

ئۇ ئېيىق بىلەن سىرتنى ئايلىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن دېھقان دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.





ئېيىق بۇ قەدىرلىك ئىگىسىنى قوغداپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. ئارىدا بىر چىۋىن باغۋەننىڭ يۈزىگە قونۇپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەپتۇ. ئىگىسىگە ۋاپادار بۇ مەخلۇق چىۋىننى كۆرۈپ ئۇنى بىرقانچە قېتىم ئۇچۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چىۋىن بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي باغۋەننىڭ يۈزىگە يەنە قونۇپتۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئېيىق ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قولىغا يوغان بىر پارچە تاشنى ئاپتۇ ـ دە، تاش بىلەن چىۋىننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ تاشنى زەردە بىلەن چىۋىنگە قارىتىپ ئېتىپتۇ...

بېشى يوغان بولغان بىلەن ئەقلى كەمتۈك بۇ مەخلۇق بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى قانداقمۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن؟ تېخى ئۇ يامان ئاقىۋەتلىك بۇ ئىشنى ئىگىسىگە كۆيۈنۈپ قىلىۋاتامدۇ؟!

ئېيىق تاشنى ئېتىشى بىلەنلا چىۋىن دەرھال ئۇچۇپ كېتىپتۇ، لېكىن تاشنىڭ زەربىسىدىن ئېغىر زەخىملەنگەن باغۋەن شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ.

«ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# تەدبىر

## پاراسەتلىك قىز

ھېكايە قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا تۇپرىقى مۇنبەت، ئورنى ئەۋزەل، تەبىئىي بايلىقى مول، پۇقرالىرى مەدەنىيەتلىك، مۇستەھكەم قورغانغا ئىگە بىر شەھەر بار ئىكەن. ئەتراپىدىكى چېگرىداش دۆلەتلەر بۇ شەھەرگە كۆز تىكىپ، ئۇنى ئۆز زېمىنىغا





قوشۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەر ئوغلانلىرى بوش كەلمەي قارا نىيەت تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتۇ.

ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىراق بىر دۆلەتنىڭ زالىم پادىشاھى بۇ شەھەرنىڭ تولىمۇ گۈزەل ۋە باياشاتلىقىنى ئاڭلاپ، شەھەرنى ئۆزىگە ئەل قىلماقچى بوپتۇ ۋە مۇۋاپىق پۇرسەتنى تاللاپ زور قوشۇن بىلەن شەھەرگە باستۇرۇپ كەپتۇ. دۈشمەن قوشۇنى شەھەرگە نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇستەھكەم قورغاننى بۆسۈپ ئۆتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، قورغان ئىچىدىكى ئاھالىلەرنى ئاچلىقتىن قىيناپ ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بوپتۇ.

خۇددى ئۇلار ئويلىغاندەك، ئۇزۇنغا بارماي شەھەردە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ كۈن ئۆتكۈزۈش قىيىنغا توختاپتۇ. ئاۋام ـ خەلق ھاياتىنىڭ قىل ئۇستىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلغان ئەمىر شەھەرنىڭ بارلىق قەلەمدار ـ ئەلەمدارلىرىنى يىغىپ ئۇلاردىن: «مەن ئەتە دۈشمەن بىلەن سۈلھى تۈزۈپ شەھەر ئەھلىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ.



«بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق پىكىر بوپتۇ. بىز ئەمدى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقەت قىلالمايمىز. بېشىمىزغا كەلگەن بۇ بالايىئاپەتكە يەنە سەۋر قىلىپ تۇرۇۋېرىدىغان بولساق، ئۇزۇنغا بارماي ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز، شۇڭلاشقا دۈشمەننىڭ شەرتىگە ماقۇل بولايلى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىپ بىزنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىشى مۇمكىن. بىز چوقۇم ئايال، بالا - چاقىلىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك» دەپتۇ ۋەزىر - ۋۇزرالار تولىمۇ بىچارىلىك بىلەن.

شۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ ھوزۇرىغا تۇيۇقسىز بىر قىز كىرىپ كەپتۇ ۋە ئەمىردىن سۆزگە ئىجازەت سوراپ مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ شەھەر ئەھلىنى غەمدىن خالاس قىلىدىغان بىر ئامالىم بار. ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلساڭلار، بىز شەھەرنى دۈشمەنلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن تەقدىردىمۇ ھېچ نەرسىمىزدىن ئايرىلىپ قالمايمىز.»





بېشى قېتىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ئەمىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھاللا: «قېنى ئېيتىڭ! سىزنىڭ پىكرىڭىزنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى» دەپتۇ.

قىز تەمكىنلىك بىلەن: «ماڭا بىر موزاي، ئازراق گۆرۈچ ۋە بۇغداي بولسىلا كۇپايە، باشقا ئىشلارنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دەپتۇ.

قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەيران بولغان مۆتىۋەرلەر: «ئۇ نەرسىلەرنى قانداق قىلىسىز؟ بىزدە پەقەت بىرلا موزاي ۋە ئازغىنە بۇغداي، گۆرۈچتىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى» دەپتۇ.

قىز ئۇلارغا: «سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار! ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى پات يېقىندا كۆرىسىلەر» دەپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قىزنىڭ تەلىپىنى ھازىرلاپتۇ. قىز دەرھال ئاچ قالغان بۇ موزايغا بۇغداي بىلەن گۆرۈچنى يېگۈزۈپتۇ ۋە ياساۋۇللاردىن بىرىنى موزاينى ئېھتىيات بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا قويۇۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ.



قىزنىڭ بۇ ئىشنى تولىمۇ ئورۇنسىز ھېس قىلغان بەزى كىشىلەر: «بىز ئاچلىقتىن ئۆلۈم خەۋپىدە تۇرۇۋاتساق، ئۇنىڭ ئاشلىقنى موزايغا ئوزۇق قىلىپ بېرىشى ئوپئوچۇق سارائلىق ئەمەسمۇ؟» دېيىشىپتۇ.

يەنە بەزىلەر: «مانا بۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاننىڭ جازاسى. ئەمىر كىچىككىنە بىر قىزنىڭ تەلىپىنى نېمىشقا قوبۇل قىلغاندۇ؟» دېيىشىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە شەھەر ئاھالىسى ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قارىسا شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىۋاتقان دۇشمەندىن بىرىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ: «دۇشمەن



نېمىشقا مۇھاسىرىنى بىر كېچىدىلا بىكار قىلغاندۇ؟» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشىنىڭ تېگىگە يەتمەك بولۇپ قىزدىن: «سىز دۈشمەننى قانداق قىلىپ شەھەردىن قوغلاپ چىقاردىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ.

قىز ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋابەن: «بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى شەھەر ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن سوراڭلار! بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇلار ئوبدان بىلىدۇ» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىزنىڭ ئېيتقىنى بويىچە سۈرۈشتۈرۈپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ شەھەرنى تاشلاپ قايتىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋاپتۇ.

ئەسلىدە ئەھۋال مۇنداق ئىكەن: «دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورغان سىرتىدا شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىۋېتىپ، قىز شەھەر سىرتىغا قويۇپ بەرگەن موزاينى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇزۇق - تۈلۈكى ئازلاپ قورساق غېمىدە قالغان بۇ مەخلۇقلار موزاينى تۇتۇپ يېمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار موزاينى ئۆلتۈرۈپ قارىسا، موزاينىڭ قورسىقىدا لىق بۇغداي ۋە گۈرۈچ تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە: «قارىمامسىلەر! ھايۋانلارنىمۇ ئاشلىق بىلەن باققىنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ زاپاس ئاشلىقى تولىمۇ كۆپ بولسا كېرەك. بۇ ھالدا ئۇلار قانداقمۇ شەھەردىن چىقىپ بىزگە باش ئەگسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئاشلىقىمىز بەكلا ئاز قالدى. بىز ھېچ نەتىجىسىز بۇنداق ئۆتۈۋەرسەك، ئۇلار ئەمەس، بىز ئەسىرگە ئايلىنىپ قالغۇدەكمىز» دەپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ خاتا تەسەۋۋۇرىدىن قورقۇپ دەرھال شەھەرنى تاشلاپ يۇرتىغا

يول ئاپتۇ.

شەھەر ئەمىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بۇ ئەقىللىق، زېرەك قىزدىن قاتتىق مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنى كۆپ مال - مۈلۈك بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ ھەم شەھەر ئەھلىگە مۇنداق بىر پەرمان جاكارلاپتۇ: «بۇ قىز كەلگۈسىدە سىلەرگە باش بولىدۇ. مەن ئۇنى تەخت ۋارىسىم بولغان ئوغلۇمغا نىكاھلاپ ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدىم.»



## ئىگىسىنى تاپقان ھەميان

### ساپ دىل، خالىس نىيەت

ھېكايە قىلىنىشىچە، بۇرۇن سۇرىيىدە كۆز - قارنى پۇلغا توق، ئاق كۆڭۈل بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر يىلى ھەج مەزگىلىدە مۇقەددەس شەھەر مەككىدە ھەج





تاۋاپ قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز قۇم ئارىسىدىكى قاتتىق بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. يىگىت ئۇنى قۇم ئارىسىدىن چىقىرىپ قارىغۇدەك بولسا، لىق تىللا قاچىلانغان بىر ھەميان ئىكەن، ئۈستىگە «م.س» دېگەن ئىككى ھەرپ كەشتىلەكلىك تۇرۇپتۇ.

يىگىت ھەميانىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىپ، تۇرمۇشىغا خىراجەت قىلماقچىمۇ بوپتۇ. لېكىن، يىگىتنىڭ سەممىي قەلبى مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۈندەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن





يىگىت، ئەتىسى كۆپچىلىك توپلاشقان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ بىر دانە ھەميان تېپىۋالغانلىقى، ھەميان ئىگىسىنىڭ ھەميانىنىڭ بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرىپ ئېلىپ كېتىشىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، مىسىرلىق بىر باي سودىگەر يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەميانىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى، ھەميانىنىڭ ئۈستىگە «م.س» دېگەن ئىككى ھەرپنىڭ كەشتىلەنگەنلىكىنى، ئىچىدە ئىككى يۈز تىللا پۇل بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت بۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەقىقىي ھەميان ئىگىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ھەميانىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. سودىگەر پۇل - مېلىنىڭ ساق - سالامەت قولىغا كەلگەنلىكىدىن خۇشال







بولۇپ، يىگىتكە يىگىرمە تىللا سوۋغا قىلغان بولسىمۇ، يىگىت بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلماپتۇ ۋە سودىگەرگە: «مەن ئامانەتكە پۇل ئالمايمەن. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى پەقەت ئاللادىن سورايمەن» دەپتۇ.

سودىگەر يىگىتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا: «ئاللا سىنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلسۇن، — دەپ دۇئا قىپتۇ ئاخىرىدا، — چوقۇم سەن قىلغان بۇ ياخشى ئىشىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن» دەپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، يىگىتنىڭ هال - كۈنى ناچارلىشىپ تۇرمۇشتا قىيىنلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جان بېقىش كويىدا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، مىسىردىكى ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە بېرىپتۇ ۋە ئۇ يەردىن ئىش ئىزدەپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇ بىر دىيانەتلىك سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىشلەپ بەرمەكچى بوپتۇ.





يىگىت ئىشچان، خوجايىنىغا خىيانەت قىلمايدىغان، قولى چېۋەر بولغاچقا، سودىگەر ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى سودىگەر يىگىتتىن: «ئوغلۇم سېنى ئۆيلەپ قويايمىكىن دېۋىدىم، بۇ ئىشقا قانداق قارايسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

يىگىت خوجايىنىغا: «تاغا، سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ توي خىراجىتىگە يەتكۈدەك پۇلۇم يوق. ئاللا خالىسا تۇرمۇشۇممۇ ياخشى بولۇپ قالار. توي ئىشىنى شۇ ۋاقىتتا بىر نەرسە دېيىشەرمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



سودىگەر: «ياق ئوغلۇم، پۇل مەندە بار. تويىنىڭ بارلىق چىقىمىنى مانا مەن كۆتۈرىمەن. بىزنىڭ ھال كۈنىمىز ناھايىتى ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكىمنى بىلىسەن. ئاكامنىڭ تولىمۇ پەزىلەتلىك بىر قىزى بار ئىدى. ئاكام ۋاپات بولۇش ئالدىدا ماڭا قىزىغا ياخشى قاراپ قويۇشۇمنى تاپىلىغان. ئۇ قىز ساڭا ئوخشاش دىيانەتلىك، سەمىمىي يىگىتكە لايىق. دادىسى باي كىشى ئىدى. ئۇنىڭغا دادىسىدىن نۇرغۇن مال - دۇنيا مىراس قالغان، ساڭا شۇنى ئېلىپ بېرەي» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، يىگىت ئۇ قىز بىلەن توي قىپتۇ. ئېرىنىڭ سەمىمىي- ساداقىتى، گۈزەل ئەخلاقى ھەممىدە ئۆزىگە بولغان چىن ئىخلاسىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن قىز ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپتۇ ۋە دادىسىدىن قالغان ماللارنى ئېرىنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپتۇ. يىگىت بۇ ماللار بىلەن تىجارەت قىلىپ ئائىلىسىنى تېخىمۇ باياشاتلىققا ئېرىشتۈرۈپتۇ.





بىر كۈنى خوتۇنى ئۇنىڭغا لىق تىللا قاچىلانغان بىر ھەميانىنى كۆرسىتىپتۇ. يىگىت ھەميانىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا كەشتىلەنگەن «م.س» دېگەن ئىككى ھەرپنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە خوتۇنىدىن بۇ ھەميان توغرۇلۇق سوراپتۇ.

خوتۇنى دادىسىنىڭ ھەج سەپىرىدە مۇشۇ ھەميانىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى، بىر ياش يىگىتنىڭ بۇنى تېپىۋېلىپ دادىسىغا ساق - سالامەت قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، دادىسى ئۇنىڭغا مۇكاپات بەرسە قوبۇل قىلمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

يىگىت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىدا ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىپتۇ.

خوتۇنى ئېرىنىڭ سەۋەبسىز يىغلىشىدىن ھەيران بولۇپ: «سىزگە نېمە بولدى؟» دەپ سوراپتۇ.

يىگىت خوتۇنىغا: «دادىڭىز سىزگە سۆزلەپ بەرگەن ئاشۇ يىگىت كىم بىلەمسىز؟ ئۇ يىگىت مەن بولىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

خوتۇنى ئۇنىڭغا: دادامنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىسكەندەر. ئۇ ماڭا ھەج پائالىيىتىدە ئۆزىنىڭ: «ئى رەھمىتى كەڭ ئاللا، قىزىمغا مۇشۇ يىگىتنى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش سەمىمىي بىر كىشىنى نېسىپ قىلغايسەن!» دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەسلىدە ئۇ سىز ئىكەنسىز - دە!» دەپتۇ چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە.

# باغۋەن بىلەن ئېيىق

تۈزگۈچى: ئابدۇقادىر تۇرسۇن

پىلانلىغۇچى: ئەمىن كىتابچىلىقى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئالىم
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۈل سىدىق
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: خالمۇرات غۇلام
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2006 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1092×787 م م 1/24 كەسلەم 1 باسما تاۋاق
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4561-6
تىرازى: 1—5000
باھاسى: 5.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : خالمۇرات غۇلام

باغۋەن بىلەن ئېيىق

تەدبىر

ئىگىسىنى تاپقان ھەميان

ISBN 978-7-5372-4561-6

9 787537 245616 >

ISBN 978-7-5372-4561-6

（民文） 定价：5.00 元